# 32629 ـ ھەج قىلىش ئۈچۈن كېلىپ ھەجدىن كېيىن مال ئېلىپ كېتىپ تىجارەت قىلىش توغرىسىدا

## سۇئال

ھەجگە بارغان ۋاقتىمدا مەككىدىن بەزى نەرسىلەرنى سېتىۋېلىپ يۇرتۇمغا ئاپىرىپ سېتىپ پايدا ئالسام توغرا بولامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت-سالاملىرى بولسۇن.

ھەج ۋاقىتلىرىدا تىجارەت قىلىش توغرا بولىدۇ. ئىمام تەبەرى ئۆز تەپسىرىدە: «لَيْسَ عَلَيْكُمْ جُنَاحٌ أَن تَبْتَغُوا فَضْلًا مِّن رَّبِّكُمْ » تەرجىمىسى: «پەرۋەردىگارىڭلاردىن (ھەج مەۋسۇمىدە تىجارەت ۋە باشقا ئوقەت ئارقىلىق) رىزىق تەلەپ قىلساڭلار، سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ» [سۈرە بەقەرە 198-ئايەت]. دېگەن ئايەت توغرىسىدا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: "ھەج جەريانىدا ئېھرامغا كىرىشتىن بۇرۇن ياكى كېيىن سودا-سېتىق قىلساڭلار گۇناھ بولمايدۇ"، ئاللاھ تائالا ھەممەيلەننى توغرا يولغا مۇۋەپپەق قىلسۇن،